# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى تەشكىلىي نىزام ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق قىلىش رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نىشان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم كۈچ يىغىش، كۈچ توپلاش، كۈچ ئىشلىتىشتە ماھىر بولۇپ، ھەم ئۆزگىرىشنى تونۇش، ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىش، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشكە ماھىر بولۇپ، ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىپ، يېڭى شەيئىلەرنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تېز سۈرئەتتە زورايتىش كېرەك. خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ياندىش سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ چىقىرىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىق ھالدا ئاچقۇچلۇق ئىسلاھاتلارنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تاماملاش كېرەك.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كەلكۈن، ھۆلچىلىك، گېئولوگىيەلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، سۇ كەلگۈچە توغان تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ھاۋا رايى ۋە سۇ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، تۈرلۈك سۇ ئامبىرى، دەريا ئېقىنى، توسما، تاغ جىسمى قاتارلىق نۇقتىلىق رايون ۋە بۆلەكلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، يوشۇرۇن خەۋپنى ۋاقتىدا بايقاپ، قەتئىي تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش، ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشنى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەلكۈن ئەھۋالىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە ئىلمىي ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرى ۋە ماددىي ئەشيالارنى زاپاس ساقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، پۇختىلاش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەلكۈن مەزگىلىدىن بىخەتەر ئۆتۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، زەھەر چەكلەش فاڭجېنىنى قاتتىق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي نۇقتىلىق تۇتۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق زەھەر چەكلەش تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، تارماقلار ماسلىشىدىغان، جەمئىيەت ئورتاق تۈزىيدىغان، ئاممىۋى قاتنىشىدىغان زەھەر چەكلەش خىزمىتى ئەندىزىسىنى سىجىل بەرپا قىلىپ، زەھەر تىزگىنلەش سىستېمىسىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى زەھەر چەكلەش خەلق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەردە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاخىردىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك؛ مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشان ئۆلچىمىنى چىڭ كۆزلەپ، ئېغىر نامراتلىق قورغىنىغا قەتئىي ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك؛ دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولۇپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ، تەشكىللەش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلاتى، پارتىيەنىڭ رولى، پارتىيەنىڭ پائالىيىتى، پارتىيەنىڭ ئەۋزەللىكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى سىجىل تەرتىپكە سېلىپ، كەنت دەرىجىلىك كادىرلار كۈچلىرىنىڭ ئەلالىرىنى تاللاپ، كۈچلۈكلىرىنى سەپلەپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى ياخشى تۇرغۇزۇپ، ياخشى كادىر ئۆلچىمىنى ۋە مىللىي رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي ئۆلچىمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق بولۇش، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئۆتكەل، پاك ـ دۇرۇس بولۇش ئۆتكىلى، ساپا، ئىقتىدار ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەپ، تىرىشىپ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئەقلىي مەدەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى توپلاپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنى شىنجاڭدا ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈم قەپىسىنى ھەر تەرەپلىمە پۇختىلاپ، تۈزۈم ئارقىلىق پارتىيەنى ئىدارە قىلىپ، ھوقۇقنى باشقۇرۇپ، ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون)، بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى(شەھەر)، تۇەن(چاڭ)لىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەقىقەتنى سىناپ ۋە ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىيەت ئاساسىدا نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نەزەرىيەۋى خىسلەت پارتىيەمىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى، ئىجادچانلىقىنى ساقلىشىدىكى ئاچقۇچ. دەل ئاساسىي نەزەرىيە ۋە يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەچكە، پارتىيەمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئاندىن دەۋر خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئىجادچانلىقنى بېيىتىپ، مەڭگۈ تۈگىمەس ئىجادىي ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالىدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىشتىكى تۈپ سەۋەب، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بايراق كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلىگەنلىكى، رولچى بولۇپ يول باشلىغانلىقىدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە. بۇ ئىلمىي نەزەرىيەدە تارىخ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت كۈچى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ دەۋر قىممىتى تولۇق نامايان قىلىنغان، پارتىيەمىزنىڭ سىياسىي ئىرادىسى، سىياسىي مەيدانى، سىياسىي تەشەببۇسى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن، ئۇ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىدىيەۋى بايرىقى، پارتىيەمىزنىڭ جەمئىيەت ئىنقىلابى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك قورال بولۇپ، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشقا جۇڭگونىڭ ئىجادىي تۆھپىسىنى قوشتى، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىرگە ئىگە. «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىسى. پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا، جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى، نەزەرىيەۋى ئەھمىيىتى، ئەمەلىيەت ئەھمىيىتى، دۇنياۋى ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ئەمەلىيەت تەلپىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 ـ تومى، 2 ـ تومى ۋە «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. يېقىندا، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە تەشكىللەپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇش، بىلىش، ئىشىنىش، ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىيىنى تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار يېڭى دەۋر، يېڭى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىق ھالدا نۇقتىلىق ئۆگىنىپ، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، كۆپ ئويلاپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، شەيئىلەرنىڭ ھادىسىسىنى بىلىپ، شۇنداقلا شەيئىلەر ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى، پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلىپ، چوڭقۇرلىشىشقا، قەلبلەرگە سىڭىشكە، ئەمەلىيلىشىشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ماركسىزم نەزەرىيەسى بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى تۈپ قابىلىيىتىمىز، شۇنداقلا رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىشى كېرەك بولغان، خىزمەتنى غەلىبىلىك ئىشلەشتىكى تۈپ قابىلىيەت. ھازىر، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، مىسلى كۆرۈلمىگەن خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىس ئالدىدا، بىز ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جەزمەن ماركسىزمنى قوللىنىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئېغىر، زور خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئېغىر، زور توسالغۇلارنى يېڭىش، ئېغىر، زور زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكچى قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرە، تېخىمۇ يىراقنى كۆزلەيدىغان نەزەر بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتتا دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئىگىلەپ، بوران ـ چاپقۇننىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش، ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈپ، پەي ـ سۆڭەكلىرىمىزنى چېنىقتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ نەتىجە يارىتالايدىغان قاتتىق ئومۇرتقىلىق، تۆمۈر يەلكىلىك، ھەقىقىي ئىقتىدارلىق بولۇپ چىقىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەش ئېلىپ بارماقتا. 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەقەت پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ھەمدە باشقا ھەرقايسى جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمىتىدە تېخىمۇ ياخشى ھالدا دەۋر خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئىجادچانلىقنى بېيىتساق، پارتىيەمىز جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

### ئاپتونوم رايوننىڭ تەشكىلات خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

# پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، تەشكىلات خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەشكىلات خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى سىن يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، مەملىكەتلىك تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى چۆرىدىلىپ، خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، كېيىنكى باسقۇچلۇق تەشكىلات خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچەپ نېگىزگە، ئۇلغا، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە كۈچ سەرپ قىلىپ، جاسارەت بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەشكىلات خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي سادىقلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ سىياسىي ئىقتىدارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەشكىلات سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپىسى) قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تولۇق ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ سىياسىي ئۆلچەمنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كەسپىلەشكەن كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ سىياسىي يېتەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزۈلمە مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيەنى سۆيۈپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرغان، شىنجاڭغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى توپلاپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.